# شىنجاڭ گېزىتى

2019 - يىل 5 - ئاي
9
پەيشەنبە
维吾尔文5月9日

新疆日报 شىنجاڭ گېزىتى

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى 新疆日报网: www.xjdaily.com
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65—0002/—W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1—57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 24690 - سان بۈگۈن 4 بەت


## شى جىنپىڭ كېلىشكىنى بويىچە سەئۇدى ئەرەبىستان پادىشاھى سالمان بىلەن تېلېفونلاشتى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 5 - ئاينىڭ 8 - كۈنى تېلېگراممىسى دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 5 - ئاينىڭ 8 - كۈنى، كېلىشكىنى بويىچە سەئۇدى ئەرەبىستان پادىشاھلىقىنىڭ پادىشاھى سالمان بىلەن تېلېفونلاشتى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: جۇڭگو تەرەپ جۇڭگو بىلەن سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ ئومۇميۈزلۈك ئىستراتېگىيەلىك ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىدۇ، سەئۇدى ئەرەبىستاننى «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىشتىكى مۇھىم ھەمكارلىق ھەمراھى دەپ بىلىدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، مەن پادىشاھ ئالىيلىرى بىلەن مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئۆز-ئارا زىيارەتتە بولۇپ، جۇڭگو - سەئۇدى ئەرەبىستان مۇناسىۋىتىنىڭ ئومۇميۈزلۈك، تېز تەرەققىي قىلىشىغا يېتەكچىلىك قىلدۇق. بۇ يىل 2 - ئايدا تەخت ۋارىسى مۇھەممەد جۇڭگودا زىيارەتتە بولدى ھەم جۇڭگو - سەئۇدى ئەرەبىستان يۇقىرى دەرىجىلىك بىرلەشمە كومىتېتىنىڭ 3 - قېتىملىق يىغىنىنى ئۆتكۈزۈپ، مول نەتىجىلەرگە ئېرىشىپ، ئىككى دۆلەتنىڭ ھەرقايسى ساھەلەردىكى ئالماشتۇرۇشى،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

### شى جىنپىڭ مەملىكەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتى يىغىنىدا مۇنداق تەكىتلىدى

# ساقچىلار قوشۇنىنى سىياسىي جەھەتتە قۇرۇش، ساقچىلار قوشۇنىنى ئىسلاھات ئارقىلىق كۈچەيتىش، ساقچىلار قوشۇنىنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق يۈكسەلدۈرۈش، ساقچىلار قوشۇنىنى قاتتىق ئىدارە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە ۋە خەلق يۈكلىگەن يېڭى دەۋردىكى مەسئۇلىيەت، بۇرچنى ياخشى ئادا قىلىش كېرەك

ۋاڭ خۇنىڭ، خەن جېڭ قاتناشتى



5 - ئاينىڭ 7 - كۈنىدىن 8 - كۈنىگىچە، مەملىكەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتى يىغىنى بېيجىڭدا ئېچىلدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ يىغىنغا قاتناشتى ھەم مۇھىم سۆز قىلدى. ☐شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى خۇاڭ جىڭۋېن فوتوسى

■ جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرىنى سىياسىي جەھەتتىن قۇرۇپ ۋە ئىگىلەپ، بارلىق ساقچىلارنى «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىش، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىش، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇشقا، باشتىن - ئاخىر ئىدىيەدە، سىياسىيدا، ھەرىكەتتە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن يۈكسەك بىردەكلىكنى ساقلاشقا يېتەكلەش كېرەك. تۈرلۈك ئىجتىمائىي زىددىيەتلەرنىڭ پائال ئالدىنى ئېلىپ ۋە ئۇنى مۇۋاپىق ھەل قىلىپ، جەمئىيەتنىڭ ھەم ھاياتىي كۈچكە تولۇشىغا، ھەم تىنچ، تەرتىپلىك بولۇشىنى ساقلاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. ئاچقۇچلۇق ھالقىنى تۇتۇپ، قانۇن ئىجرا قىلىش ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈش مېخانىزمى ۋە باشقۇرۇش - نازارەت قىلىش، چەكلەش سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تىرىشىپ خەلق ئاممىسىغا ھەربىر دېلونى بىجىرىش، ھەربىر ئىشنى بىر تەرەپ قىلىش داۋامىدا ئادىللىق، ھەققانىيلىقنى ھېس قىلدۇرۇش كېرەك. ئىشەنچنى چىڭىتىپ، پۇرسەتنى تۇتۇپ ئالغا ئىلگىرىلەپ، يېڭى دەۋردىكى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاپ ئالغا سىلجىتىش كېرەك. ساقچىلار قوشۇنىنى سىياسىي جەھەتتە قۇرۇش، ساقچىلار قوشۇنىنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، كۈچەپ پولاتتەك غايە - ئېتىقادقا ئىگە، پولاتتەك مەسئۇلىيەتچانلىق، دادىللىققا ئىگە، پولاتتەك كۈچلۈك قابىلىيەتكە ئىگە، پولاتتەك ئىنتىزام - ئىستىلغا ئىگە جامائەت خەۋپسىزلىكى پولات قوشۇنىنى قۇرۇش كېرەك.

■ تىنچلىق مەزگىلىدە، جامائەت خەۋپسىزلىكى قوشۇنى ئەڭ كۆپ قۇربان بەرگەن، ئەڭ زور تۆھپە قوشقان بىر قوشۇن. بۇ ئالاھىدە قوشۇنغا ئالاھىدە غەمخورلۇق قىلىش كېرەك، سىياسىي جەھەتتە كۆڭۈل بۆلۈپ، خىزمەت جەھەتتە قوللاپ، تەمىنات جەھەتتە كاپالەتلەندۈرۈپ، ساقچىلارغا ئېتىبار بېرىش، غەمخورلۇق قىلىش تەدبىرلىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. خەلق ساقچىلىرىنىڭ شەرەپ تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئىلغار تىپلارنى يېتىشتۈرۈش ۋە تەشۋىق قىلىش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، جامائەت خەۋپسىزلىكى خەلق ساقچىلىرىنىڭ كەسپىي شەرەپ تۇيغۇسى، ئىپتىخارلىق تۇيغۇسى، تەۋەلىك تۇيغۇسىنى كۈچەيتىش كېرەك.

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 5 - ئاينىڭ 8 - كۈنى تېلېگراممىسى(مۇخبىرلار زوۋ ۋېي، ياڭ ۋېيخەن)** مەملىكەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتى يىغىنى 5 - ئاينىڭ 7 - كۈنىدىن 8 - كۈنىگىچە بېيجىڭدا ئېچىلدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ يىغىنغا قاتناشتى ھەم مۇھىم سۆز قىلدى. ئۇ مۇنداق تەكىتلىدى: يېڭى تارىخىي شارائىتتا، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرى يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئومۇمىي دۆلەت خەۋپسىزلىكى قارىشىدا چىڭ تۇرۇپ، خەلق مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رىتىمىدا چىڭ تۇرۇپ، ساقچىلار قوشۇنىنى سىياسىي جەھەتتە قۇرۇش، ساقچىلار قوشۇنىنى ئىسلاھات ئارقىلىق كۈچەيتىش، ساقچىلار قوشۇنىنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق يۈكسەلدۈرۈش، ساقچىلار قوشۇنىنى قاتتىق ئىدارە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە ۋە خەلق يۈكلىگەن يېڭى دەۋردىكى مەسئۇلىيەت، بۇرچنى ياخشى ئادا قىلىپ، تىرىشىپ خەلق ئاممىسىنىڭ بەختلىك تۇيغۇسىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇشى، تېخىمۇ كاپالەتلەندۈرۈشى، تېخىمۇ ئىمكانىيەتلىك سىجىل قىلىشى، ئومۇميۈزلۈك ھالقىلىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش، «ئىككى 100 يىل»لىق كۈرەش نىشانى ۋە جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن بىخەتەر، مۇقىم بولغان سىياسىي، ئىجتىمائىي مۇھىت يارىتىشى كېرەك.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

# پارتىيەنىڭ جامائەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتىگە بولغان مۇتلەق رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرايلى

## —— باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مەملىكەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتى يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا

☐خەلق گېزىتى ئوبزورچىسى

ئىقتىساد سىجىل، ساغلام تەرەققىي قىلدى، جەمئىيەت سىجىل بىخەتەر، مۇقىم بولدى، خەلقئارادا ئومۇميۈزلۈك ھالدا جۇڭگو بۇ «ئىككى چوڭ مۆجىزە»نى ياراتتى، ئۇ دۇنيادىكى ئەڭ بىخەتەرلىك تۇيغۇسىغا ئىگە دۆلەتلەرنىڭ بىرى، دەپ قارالدى. بۇنداق نەتىجىنى قولغا كەلتۈرۈشتە پۈتۈن مەملىكەتتىكى جامائەت خەۋپسىزلىكى سېپى ۋە كەڭ جامائەت خەۋپسىزلىكى خەلق ساقچىلىرىنىڭ تۆھپىسىگە كۆز يۇمۇشقا بولمايدۇ.

ئەمدىلا يېپىلغان مەملىكەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتى يىغىنىدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇھىم سۆز قىلىپ، پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان جامائەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەرنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردى، ئەمەلىيەت داۋامىدا توپلانغان قىممەتلىك تەجرىبىلەرنى چوڭقۇر خۇلاسىلىدى، يېڭى دەۋردىكى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرىنىڭ بۇرچى، ۋەزىپىسىنى چوڭقۇر شەرھلىدى، يېڭى دەۋردىكى جامائەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا ئومۇميۈزلۈك ئورۇنلاشتۇرما قىلدى، يېڭى دەۋردە جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرىغا پارتىيە ۋە خەلق يۈكلىگەن مەسئۇلىيەت، بۇرچنى تېخىمۇ ياخشى ئادا قىلىش، جامائەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتىدە ئۈزلۈكسىز يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش ئۈچۈن، ئۇلۇغ ئارزۇنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن بىخەتەر، مۇقىم بولغان سىياسىي، ئىجتىمائىي مۇھىت يارىتىشقا ئىلگىرىلەش يۆنىلىشى كۆرسىتىپ بەردى، توپ مىزان بىلەن تەمىنلىدى.

تىنچ - ئامانلىق خەلقنىڭ بەخت - سائادىتى، ئامان - ئېسەنلىكىنىڭ ئاساسىي تەلىپى، ئىسلاھات، تەرەققىياتنىڭ توپ ئالدىنقى شەرتى. پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى دۆلەت ئىچى، خەلقئارادىن ئىبارەت ئىككى ئومۇمىي ۋەزىيەت، تەرەققىيات، بىخەتەرلىكتىن ئىبارەت ئىككى چوڭ ئىشنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، جامائەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا بىر قاتار مۇھىم، زور تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلارنى قىلىپ، بىر قاتار مۇھىم، زور ئىسلاھات تەدبىرلىرىنى يولغا قويدى. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرى خەلق ئاممىسىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈشنى باش نىشانىنى زىچ چۆرىدەپ، پارتىيەگە سادىق بولۇش، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، قانۇن ئىجرا قىلىشتا ئادىل بولۇش، ئىنتىزامى قاتتىق بولۇش باش تەلىپىنى پۇختا ئىگىلەپ، قاتتىق جەڭلەردە بىر - بىرلەپ غەلىبە قىلىپ،

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

### مەركەزنىڭ قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش نازارەتچىلىكى - يېتەكچىلىكى شىنجاڭدا

# بايىنغولىن ئوبلاستىنىڭ مائارىپ سىستېمىسى مەكتەپلەردىكى بوزەك قىلىش خاھىشلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تۈزەش خىزمىتىنى پۇختا ئالغا سىلجىتتى

مۇخبىرىمىز **مېھرىگۈل غوپۇر**، ئىختىيارىي مۇخبىرلىرىمىز **سۈن يۈگۇيى، سۈي جىچياڭ** خەۋەر قىلىدۇ: «مەكتەپلەردىكى بوزەك قىلىش خاھىشلىرىنىڭ كۆپ خىل ئىپادىلىنىش شەكلى بار، ئۇرۇش، زەخىملەندۈرۈش قىلمىشلىرىدىن باشقا، ساۋاقداشلىرىنى ھاقارەتلەش، تۆھمەت قىلىش، تەھدىت سېلىش، يېتىم قالدۇرۇش، چەتكە قېقىش قاتارلىق قىلمىشلارنىڭ ھەممىسى مەكتەپلەردىكى بوزەك قىلىش خاھىشلىرىغا كىرىدۇ. بۇ خىل ئىشلارغا دۇچ كەلگەندە، چوقۇم ۋاقتىدا ئائىلە باشلىقلىرى، ئوقۇتقۇچىلار بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇش، دەردىنى ئىچىگە يۇتماسلىق كېرەك...» يېقىندا، بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ مائارىپ سىستېمىسى جامائەت خەۋپسىزلىكى تارماقلىرى بىلەن بىرلىشىپ،

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

# توردا ئالقىشلانغان مەھسۇلات خاس ماركىنى تېخىمۇ ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلدى

سۆز ھەممىگە

☐جاڭ بىي

يېقىندا «شىنجاڭ گېزىتى»دە، شىنجاڭ تيەنرۇن سۈتچىلىك پاي چەكلىك شىركىتى ئىشلەپچىقارغان بىر قاتار ئۇرۇسى كۆركەم، سۈپەتلىك «توردا ئالقىشلانغان قېتىق»نىڭ توردا نۇرغۇن خېرىدارغا ئىگە بولغانلىقى، كارخانا كىرىمىنىڭمۇ ئاشقانلىقى خەۋەر قىلىندى. ئالاقە تورى دەۋرىدە، «تور ئىقتىسادى» ئاللىبۇرۇن سەل قاراشقا بولمايدىغان ئىشقا ئايلاندى، «توردا ئالقىشلانغان مەھسۇلات» يارىتىش ئېقىم مىقدارىنى نەقلەشتۈرۈش، شۈبھىسىزكى بايلىق ئەۋزەللىكىنى ئىقتىسادىي ئەۋزەللىككە ئايلاندۇرۇشتىكى ئۈنۈملۈك يول.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)


شىنجاڭ گېزىتخانىسى يېڭى تاراتقۇلىرى سېپى
新疆头条 APP 微信公众号 新疆日报网 天山网 APP





# نامسىز كىچىك ئوت - چۆپ مەڭگۈلۈك ئابىدە

### بىرىنچى سەپتە كۆزىتىش

☐گېزىتىمىزنىڭ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرى **ما جيەنلۇڭ، زوۋ يى، جۇڭ جاۋفېڭ**

«گۈلدەك ھىدىم يوق، دەرەختەك بويۇم يوق، مەن بىر تۈپ ھېچكىم بىلمەيدىغان كىچىك ئوت - چۆپ...» كۆكتوقاي كادىرلار شۆبىۋەنىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى فۇ جىڭنىڭ يان تېلېفونىدا مۇشۇنداق بىر سىن كۆرۈنۈشى ساقلانغانىدى، سىن كۆرۈنۈشىدە 90 ياشلىق لىيۇ خاۋ خوتۇنى بىلەن بىرلىكتە بۇ ناخشىنى ئېيتىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ ناخشىسىدا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن چىن ھېسسىيات ۋە سەمىمىي نىيەت ئۇلارنىڭ بىر ئۆمۈر باشتىن كەچۈرگەنلىرىنىڭ ئىپادىسى ئىدى.

بۇ قىسقا سىن كۆرۈنۈشى سىنىغا ئېلىنىپ بىر ئايدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن كېيىن، 2019 - يىلى 1 - ئاينىڭ 16 - كۈنى، لىيۇ خاۋ بوۋاي ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇ خۇددى بىر نامسىز ئوت - چۆپكە ئوخشاش بىر ئۆمۈر ئۈن - تىنسىز ۋەتەنگە تۆھپە قوشتى، گەرچە كىشىلەر بىلمىسىمۇ، ئەمما ئۇ بۇنى خۇشاللىق بىلەن ئۈستىگە ئالغان.

لىيۇ خاۋ تيەنجىندە تۇغۇلغان، 1952 - يىلى بېيجىڭ سانائەت داشۆسىنى پۈتكۈزۈپ كۆكتوقايغا كېلىپ خىزمەت قىلغان. 1957 - يىلدىن 1975 - يىلغىچە بولغان مەزگىلدە، ئۇ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ بىر كاننىڭ ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكا بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى، كان ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ باش ئىنژېنېرى بولغان.

تېخىمۇ كۆپ مەزمۇنىنى ئىككىلىك كودنى سكانېرلاپ كۆرۈڭ

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

# ئومۇمىي خەلق يېشىل تەرەققىيات كۈيىنى ياڭراتتى

### نۇقتىدا تۇرۇش تەسىراتى

☐بەي جيېۋ

4 - ئايدا خوتەننىڭ ھەممە يېرى يېشىللىققا پۈركەنگەنىدى. كېرىيە ناھىيەسىنىڭ ئويتوغراق يېزىسىدىكى يارمەھەللە دەپ ئاتىلىدىغان بىر كىچىك كەنت خۇددى يېشىل مىخقا ئوخشاش تەكلىماكان قۇملۇقىغا قېقىلغانىدى. سېرىق - يېشىل رەڭ گىرەلىشىپ كەتكەن بولۇپ، شامالغا بېقىپ ئۆسكەن قاتار - قاتار تېرەكلەر، توپ - توپ يۇلغۇنلار، رەت - رەت ئېتىزلاردىكى بۇغدايلار، ياڭاق دەرەخلىرى كىشىلەرگە ئىلگىرى قۇملۇقنىڭ قورشاۋىدا قالغان بۇ كىچىك كەنتنىڭ تىرىشچانلىقى ۋە قەيسەرلىكىنى جاكارلايتتى.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)